# شى جىنپىڭ كىسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى رەھبەرلىرىنىڭ 12 - قېتىملىق ئۇچرىشىشىغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئىككىنچى، ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىشتا چىڭ تۇرۇپ، كۈچنى بىرلەشتۈرۈپ يۇقۇم خىرىسىنى يېڭىش كېرەك. خەلقئارا بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ ئاچقۇچلۇق رەھبەرلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى قوللاش كېرەك. جۇڭگو تەرەپ پائال ئويلىشىپ ئېھتىياجى بار كىسەك ئالتۇن دۆلەتلىرىنى ۋاكسىنا بىلەن تەمىنلەشنى خالايدۇ. كىسەك ئالتۇن دۆلەتلىرىنىڭ ۋاكسىنا تەتقىق قىلىپ ئېچىش مەركىزىنى قۇرۇشقا تۈرتكە بولدۇ. جۇڭگو تەرەپ ئەنئەنىۋى تېببىي دورا مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىپ، ئەنئەنىۋى تېببىي دورىلارنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش جەھەتتىكى رولى ئۈستىدە ئىزدىنىشنى تەشەببۇس قىلدۇ. ئىتتىپاقلىقنى ئىختىلاپنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ، بىر تەرەپلىمە قاراشنى ئىدراكىي تۈگىتىپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ قول تۇتۇشۇپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتىكى ئەڭ قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچىنى مۇجەسسەملەش كېرەك.

ئۈچىنچى، ئېچىۋېتىش، يېڭىلىق يارىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ قايتا جانلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. بىر قولدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش، بىر قولدا ئىقتىسادنى مۇقىملاشتۇرۇش كېرەك. ماكرو ئىقتىساد سىياسىتىنى ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، «خادىملار بىلەن ماللارنىڭ چېگرا ھالقىپ يۆتكىلىشىنى قولايلاشتۇرۇش تەشەببۇسى»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، كەسىپ زەنجىرى، تەمىنات زەنجىرىنىڭ بىخەتەرلىكى، راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. يۇقۇمدىن پايدىلىنىپ «يەر شارىۋىسىزلاشتۇرۇش» بىلەن شۇغۇللىنىش ئاخىرقى ھېسابتا پەقەت ئۆز دۆلىتى ۋە ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدۇ. قەتئىي تەۋرەنمەي ئوچۇق دۇنيا ئىقتىسادىنى بەرپا قىلىپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكى نامىدىن قالايمىقان پايدىلىنىپ قورۇقچىلىقنى يولغا قويۇشقا قارشى تۇرۇش كېرەك. پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، ئوچۇق، باراۋەر، ئادىل بولغان، كەمسىتىش بولمىغان تىجارەت - سودا مۇھىتى يارىتىش كېرەك. جۇڭگو تەرەپ فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ شيامېن شەھىرىدە كىسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى يېڭى سانائەت ئىنقىلابىي ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىدە يېڭىلىق يارىتىش بازىسى قۇرىدۇ. كىسەك ئالتۇن دۆلەتلىرىنىڭ جۇڭگو تەرەپ چىقارغان «يەر شارىۋى سانلىق مەلۇمات خەۋپسىزلىكى تەشەببۇسى»نى قوللىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

تۆتىنچى، خەلق تۇرمۇشىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، يەر شارىۋى ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 2030 - يىل ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات قارالمىسى»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى خەلقئارا تەرەققىيات ھەمكارلىقىنىڭ يادروسى قىلىپ، نامراتلىقنى تۈگىتىشنى ئەڭ مۇھىم نىشان قىلىپ، بايلىقنى نامراتلار سانىنى ئازايتىش، مائارىپ، سەھىيە، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى قاتارلىق ساھەلەرگە تېخىمۇ كۆپرەك مايىللاشتۇرۇش كېرەك. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇش رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى قوللاپ، تېخىمۇ باراۋەر، تەڭپۇڭ بولغان يەر شارىۋى تەرەققىيات ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنى تېخىمۇ كۆپ مەنپەئەتلەندۈرۈپ، ئاجىز كىشىلەر توپىنىڭ ئېھتىياجىنى تېخىمۇ ياخشى قاندۇرۇش كېرەك.

بەشىنچى، يېشىل، تۆۋەن كاربونلۇق بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ ئىناق بىللە ئۆتۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇشتىكى «پارىژ كېلىشىمى»نى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئورتاق، ئەمما پەرقلىق بولغان مەسئۇلىيەت پرىنسىپىغا رىئايە قىلىپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنى تېخىمۇ كۆپ ياردەم بىلەن تەمىنلەش كېرەك. جۇڭگو دۆلەتنىڭ ئۆز ئالدىغا تۆھپە قوشۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، تېخىمۇ كۈچلۈك سىياسەت ۋە تەدبىر قوللىنىپ، تىرىشىپ كاربون IV ئوكسىد قويۇپ بېرىشنى 2030 - يىلدىن ئىلگىرى چوققا قىممەتكە يەتكۈزۈپ، 2060 - يىلدىن ئىلگىرى كاربوننى نېيترالاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. بىز لەۋزىمىزدە تۇرىمىز.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلايدۇ، بىز يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىنى ئىلمىي ئىگىلەپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى پائال بەرپا قىلىمىز. جۇڭگونىڭ ئېچىۋېتىلگەن دەرۋازىسى تاقىلىپ قالمايدۇ، پەقەت بارغانسېرى كەڭ ئېچىۋېتىلىدۇ. جۇڭگو يەر شارىۋى بازارغا تېخىمۇ پائال سىڭىشىپ، تاشقى ھەمكارلىقنى تېخىمۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ قايتا جانلىنىپ تەرەققىي قىلىشىغا تېخىمۇ كۆپ پۇرسەت ۋە بوشلۇق يارىتىدۇ.

شى جىنپىڭ ئاخىرىدا مۇنداق تەكىتلىدى: بىز ھەممىمىز بىر كېمىدە تۇرۇۋاتىمىز. بوران كۈچىيىپ، دولقۇن كۆتۈرۈلگەن پەيتتە، بىز يۆنىلىشنى تېخىمۇ توغرىلاپ، رىتىمنى ياخشى ئىگىلەپ، ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىپ، دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلەپ، پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلىپ، تېخىمۇ گۈزەل ئەتىگە ئاتلىنىشىمىز كېرەك.

بەش دۆلەت رەھبەرلىرى «كىسەك ئالتۇن ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يەر شارىۋى مۇقىملىقنى، ئورتاق خەۋپسىزلىك ۋە يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش» باش تېمىسىنى چۆرىدەپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقى چوڭ پىلانى ئۈستىدە ئورتاق كېڭىشىپ، كىسەك ئالتۇن دۆلەتلىرىنىڭ تەرەققىيات ئۇلۇغۋار پىلانىنى ئورتاق تۈزۈپ، كىسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى ھەمكارلىقى ۋە ھازىرقى خەلقئارا ۋەزىيەت توغرىسىدا چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇرۇپ، كەڭ ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلدى.

بەش دۆلەت رەھبەرلىرى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئالدىدا، بەش دۆلەت ئىتتىپاقلىشىپ ئۆزئارا ياردەملىشىپ، ۋاكسىنا ۋە دورا جەھەتتىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ مۇھىم ماسلاشتۇرۇش رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى قوللاپ، يۇقۇمنى سىياسىيلاشتۇرۇشقا قارشى تۇرۇپ، كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ قايتا جانلىنىشى ۋە ئېشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشى كېرەك. كىسەك ئالتۇن دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى ئالغا سىلجىتىپ، سودا سېلىنمىسى، رەقەملىك ئىقتىساد، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش، ئېنېرگىيە، كىلىمات ئۆزگىرىشى قاتارلىق ساھەلەردىكى ئەمەلىي ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. سىياسىي خەۋپسىزلىك ھەمكارلىقى، جۈملىدىن تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، سىرتقى ھاۋا بوشلۇقى بىخەتەرلىكى ۋە تور بىخەتەرلىكى قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىگە ھۆرمەت قىلىپ، تالاش - تارتىشلارنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشقا كۈچ چىقىرىش كېرەك. ئادىمىيەت ئالاقىسى ۋە ھەمكارلىقنى كېڭەيتىپ، ئەل ئارا دوستلۇقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. رەھبەرلەر مۇھىم، زور خەلقئارا، رايون مەسىلىلىرىدە داۋاملىق قويۇق ئالاقىلىشىپ، كۆپ تەرەپچىللىكتە چىڭ تۇرۇپ، يەر شارىۋى ئىدارە قىلىشنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يادرو قىلىنغان خەلقئارا تەرتىپنى قوغداپ، دۇنيا سودا تەشكىلاتى ۋەكىللىكىدىكى كۆپ تەرەپلىك سودا تۈزۈلمىسىنى قوغداپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇشقا قوشۇلدى.

بەش دۆلەت رەھبەرلىرى يەنە كىسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى ئالاقىدار مېخانىزمى مەسئۇلىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى.

ئۇچرىشىشتا «كىسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى رەھبەرلىرىنىڭ 12 - قېتىملىق ئۇچرىشىشى موسكۋا خىتابنامىسى» ماقۇللاندى.

دىڭ شۆشياڭ، ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار ئۇچرىشىشقا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

سۆھبەت يىغىنىدا، ئەسقەت كەرىمباي، چېن دىمىن، جاڭ گولياڭ، رىزۋان ئەبەي، لۇ گاڭ، يەن فېنشىن، لى شياڭلىن، گو يۇڭخۇي، مەمەتجان ئەمەت قاتارلىق پېشقەدەم يولداشلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ سۆز قىلىپ، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى چۆرىدەپ تونۇشى، تەسىراتلىرىنى سۆزلەپ، ئاپتونوم رايوننىڭ «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى تۈزۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا قاراتمىلىققا ئىگە پىكىر - تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. كۆپچىلىك بىردەك مۇنداق بىلدۈردى: «13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، 2 -، 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتتا چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا مىسلىسىز مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، جەمئىيەت مۇقىم، خەلق خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال - خۇرام ئىشلەيدىغان ياخشى ۋەزىيەتنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئەبەدىي ئەمىنلىككە ئاتلىنىشقا پۇختا ئاساس سالدى.

كۆپچىلىكنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلىغاندىن كېيىن، چېن چۈەنگو ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن ئۇزاقتىن بۇيان شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق تۈرلۈك ئىشلىرىغا مۇھىم تۆھپە قوشقان پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى پېشقەدەم رەھبەرلەر، پېشقەدەم يولداشلارغا چىن قەلبىدىن رەھمەت ئېيتتى، ئالىي ئېھتىرام بىلدۈردى. ئۇ مۇنداق دېدى: «14 - بەش يىل» مەزگىلى دۆلىتىمىز ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىپ، بىرىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرغاندىن كېيىن، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاپ، ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىغا قاراپ يۈرۈش قىلىدىغان تۇنجى بەش يىل، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقى نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەيدىغان، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولىدىغان، ئەبەدىي ئەمىنلىككە ئاتلىنىدىغان ئاچقۇچلۇق بەش يىل. «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى ئالاھىدىلىك، يېڭى تەلەپلەرنى چوڭقۇر تونۇپ، يېڭى زىددىيەت، يېڭى خىرىسلارنى دەل جايىدا ئىگىلەپ، پۇرسەت ئېڭى ۋە خەۋپ ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىنى ساقلاپ، تۆۋەن چەك تەپەككۇرىنى تۇرغۇزۇپ، يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەشنى كۈچەيتىش بىلەن خەلقتىن ئەقىل سوراشتا چىڭ تۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈپ، كەڭ خەلق ئاممىسى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەدىكىلەرنى تۈرلۈك شەكىللەر بىلەن «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلانغا ئەقىل - چارە كۆرسىتىشكە ئىلھاملاندۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە جەمئىيەتنىڭ ئارزۇسى، ئاممىنىڭ ئەقىل - پاراستى، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ پىكىرلىرى، ئاساسىي قاتلامنىڭ تەجرىبىلىرىنى «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى تۈزۈشكە تولۇق قوبۇل قىلىش كېرەك. پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، سىستېما قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى تۈزۈش خىزمىتىنى يۇقىرى ئۆلچەم، يۇقىرى سۈپەتتە ياخشى ئىشلەش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھەرقايسى پېشقەدەم رەھبەرلەر، پېشقەدەم يولداشلار ئوتتۇرىغا قويغان قىممەتلىك پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، تولۇق قوبۇل قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ روھىغا، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ۋە ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئويى، ئارزۇسىغا تېخىمۇ ئۇيغۇنلاشتۇرۇش كېرەك. پېشقەدەم رەھبەرلەر، پېشقەدەم يولداشلارنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەتلىرىگە ئىلگىرىكىدەكلا كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە ئۇنى قوللاپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ئەقىل - پاراسىتى ۋە كۈچىنى تەقدىم قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

---

## يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

ئاپتونوم رايون رەھبىرى ئۈرۈمچى شەھىرىدە پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىدىن لېكسىيە سۆزلىدى

## مەركىزىي شەھەرنىڭ مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى جاسارەت بىلەن پۈتۈش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاڭ يۈنمېي خەۋەر قىلدۇ: ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى ئاساسەن، 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى شۆ خەيرۇڭ ئۈرۈمچى شەھىرىدە تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى شەكلىدە، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىدىن لېكسىيە دوكلاتى بەردى.

شۆ خەيرۇڭ مۇنداق كۆرسەتتى: دۆلىتىمىزنىڭ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرگەنلىكىنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتى، پايدىلىق شارائىتى ۋە مۇھىم ئالاھىدىلىكىنى چوڭقۇر تونۇش كېرەك؛ 2035 - يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان ۋە «14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى دۆلىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ يېتەكچى فاڭجېنى، مۇھىم نىشانى، نۇقتىلىق ۋەزىپىلىرىنى دەل جايىدا ئىگىلەش كېرەك؛ يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىش ئىستراتېگىيەلىك تەسەۋۋۇرى ۋە مۇھىم كۈچەش نۇقتىسىنى مەھكەم ئىگىلەش كېرەك؛ پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەرقايسى تەرەپتىكى كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان ۋە 2035 - يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش كېرەك.

دوكلات بېرىش يىغىنىدىن كېيىن، شۆ خەيرۇڭ دوكلات بېرىش يىغىنىغا قاتناشقان مۇتەخەسسىس، ئالىملار، مەھەللە كادىرلىرى، ياش ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرى بىلەن ھەمتۈرتكىلىك پىكىر ئالماشتۇردى. شۆ خەيرۇڭ مۇنداق كۆرسەتتى: پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىنى ئىلمىي ئىگىلەپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىگە پائال سىڭىشىپ، ئەمەلىي ئىشلەش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېڭىلىق يارىتىپ ئەمەلىيەتتە كۆرستىشكە جۈرئەت قىلىپ، «ئۈچ چوڭ ئىش»نى ياخشى تۇتۇپ، ئىناق - مۇقىم، ئەلا ھەم كۈچلۈك، مىللەتلەر يۇغۇرۇلغان، دىنلار ئىناق، ئۆزگىچە سېھرىي كۈچكە ئىگە، پاكىز - گۈزەل مەركىزىي شەھەر بەرپا قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش مۇساپىسىدە، مەركىزىي شەھەرنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك ئىشلارنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى جاسارەت بىلەن پۈتۈش كېرەك.

---

ئاپتونوم رايون رەھبىرى تەشۋىقات، مەدەنىيەت سىستېمىسىدا پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىدىن لېكسىيە سۆزلىدى

## چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ ئۆگىنىپ، كاللىغا، قەلبكە سىڭدۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنىڭ ئىدىيەۋى ئاساسىنى پۇختىلاش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاڭ يەنفاڭ خەۋەر قىلدۇ: 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى تيەن ۋېن ئاپتونوم رايوننىڭ تەشۋىقات، مەدەنىيەت سىستېمىسىدا پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىدىن لېكسىيە سۆزلىدى.

تيەن ۋېن دۆلىتىمىزنىڭ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرگەنلىكىنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتى، پايدىلىق شارائىتى ۋە مۇھىم ئالاھىدىلىكىنى چوڭقۇر تونۇش، 2035 - يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان ۋە «14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى دۆلىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ يېتەكچى فاڭجېنى، مۇھىم نىشانى، نۇقتىلىق ۋەزىپىلىرىنى دەل جايىدا ئىگىلەش قاتارلىق تەرەپلەردىن ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى سىستېمىلىق شەرھلىدى ۋە چوڭقۇر چۈشەندۈردى.

تيەن ۋېن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئومۇمىي يىغىندا 2035 - يىلغا بارغاندا مەدەنىيەت كۈچلۈك دۆلىتى قۇرۇش نىشانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بىز يۈكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نىشاننى كۆزلەپ، مۇھىم نۇقتىنى چىڭ تۇتۇپ، تەدبىر قوللىنىپ، تىرىشىپ «14 - بەش يىل» مەزگىلىدە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت كۈچلۈك دۆلىتى قۇرۇش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىشىمىز كېرەك. ئاپتونوم رايوننىڭ «14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى مەدەنىيەت تەرەققىياتى، ئىسلاھاتى يىرىك پىلان تىزىسى ۋە مەخسۇس يىرىك پىلاننى ياخشى تۈزۈپ، يىرىك پىلاننى ئۈنۈملۈك يولغا قويۇش مېخانىزمىدا چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يىرىك پىلاننى ئىجرا قىلىش كۈچى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

تيەن ۋېن مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشتا تەشۋىقات، ئىدىيە سېپى ياخشى باشلامچى بولۇپ، ئالدىدا مېڭىشى كېرەك. تەشۋىقات، مەدەنىيەت سىستېمىسىدىكى كادىرلارنى ئۆگىنىشكە ياخشى تەشكىللەپ، پۈتۈن خادىم قاتنىشىش، ئومۇميۈزلۈك قاپلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۈرۈپ ئۆگىنىش، كاللىغا، قەلبكە سىڭدۈرۈش كېرەك. ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، ئىدېئولوگىيە خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنىڭ ئىدىيەۋى ئاساسىنى پۇختىلاش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك، تۈرلۈك ئاخبارات تاراتقۇلىرى تاراتقۇلارنى يۇغۇرۇش ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، تۈرلۈك يېڭى تاراتقۇ تارقىتىش سۇپىلىرىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، ئومۇمىي يىغىننىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر، ياخشى تەشۋىق قىلىپ، ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش قويۇق كەيپىياتىنى تېزدىن بەرپا قىلىشى كېرەك.